گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش

# 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرى بارلىق نامرات نوپۇس پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر خوۋ شۆجىڭ) گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئوۋ چىڭپىڭ 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئۆتكۈزگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: قىيىپ قالغان نامرات نوپۇسلار چېكىنىش تەرتىپىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، يىل ئاخىرىغىچە بارلىق نامرات نوپۇس پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىدۇ.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، بۇ يىلنىڭ بېشىدا بىز قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالدۇق» دېدى ئوۋ چىڭپىڭ.

ھازىر جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن كېيىنكى سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىش - ئۆزگەرمەسلىكىگە قارىتا، ئوۋ چىڭپىڭ مۇنداق دېدى: سىياسەت ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدىن كېيىن ئۆتكۈنچى مەزگىل تەسىس قىلىپ، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ مەسئۇلىيەتنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ سىياسەتنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى توختاتماسلىقتىن ئىبارەت «تۆتنى توختاتماسلىق»نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيمىز، كېڭەيتىمىز.

ئوۋ چىڭپىڭ مۇنۇلارنى ئاشكارىلىدى: مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، ھازىر مەركەز يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش يېتەكچى پىكىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈۋاتىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە ئەسلىدە بار بولغان قوللاش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىدۇ، تەڭشەۋاتىدۇ، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىۋاتىدۇ.

ئوۋ چىڭپىڭ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك نوپۇس ۋە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمى ئورنىتىلىدۇ. غەربىي رايوندىكى نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن ناھىيەلەر ئىچىدىن يەنە بىر قىسىم قىيىنچىلىقى بار ناھىيەلەرنى تاللاپ، بۇ نۇقتىلىق ياردەم بېرىلىدىغان - يۆلىنىدىغان ناھىيەلەرنىڭ ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش دەسلەپكى قەدەمدە ئويلىشىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

چوڭ - كىچىك ئىككى تىياتىرخانىدىن تەركىب تاپقان، رەقەملەشكەن كۆپ ۋاستىلىك تاراتقۇ ئۇسكۇنىسى، مىڭ گۇرۇپپا سەھنە چىرىغى، 3Dلىق پروېكسىيە ئۇسكۇنىسى ۋە شايى پەردە گۇرۇپپىسى بار. تىياتىرخانا پۈتكەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى كۆپلىگەن شىجۇ تىياتىرى مەكتەپ - ئۆمەكلىرىدىكى داڭلىق سەنئەتچىلەر، داڭلىق ئارتىسلار بەس - بەستە سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇپ، شىجۇ تىياتىرى مەستانىلىرىغا يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى سەۋىيەلىك شىجۇ تىياتىرى نومۇرلىرىنى سوۋغا قىلدى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، تۆت يىل ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى رەسمىي ئېچىلدى، يېڭىدىن دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن يېڭى كۇتۇپخانىنىڭ مۇھىتى گۈزەل، ئىقتىدارى مۇكەممەل بولۇپ، ھەر خىل ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ۋە قولايلىق ئوقۇش تەسىراتى بىلەن تەمىنلىدى. كۇتۇپخانا ئېچىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى «ئاجايىپ رەڭدار بالىلىق دەۋر — جۇڭگو 100 يىللىق بالىلار كىتاب كۆرگەزمىسى» «يىپەك يولىدىكى شانلىق سەھىپە، كىتاب لەززىتى — ئالاھىدە ساقلانغان ھۆججەتلىك ماتېرىياللار كۆرگەزمىسى» «گۈزەل تىيانشان — شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كەشتىلەپ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قوغداش تەجرىبە نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى» قاتارلىق باش تېمىلىق كۆرگەزمىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاڭلىغىلى، كۆرگىلى، پۇرىغىلى، تۇتقىلى بولىدىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ، سانسىزلىغان كۆرۈرمەننى جەلپ قىلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق سەنئەت يۇرتى، مۇزېي، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت سارىيى، گۈزەل سەنئەت سارىيى قاتارلىقلارنىڭ دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، مەدەنىيەت مەيدان - سارايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىن بەھرىلىنىش شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئۈرۈمچى شەھىرىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت مەيدان - سارايلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئازادە، ئىللىق مەدەنىيەت يۇرت ماكانى بىلەن تەمىنلىدى.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز مەركەز خامچوتى ئىچىدە 1 مىليارد 226 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ سەنئەت مەركىزى، شىنجاڭ كۇتۇپخانىسىنى قۇرۇشقا ئىشلەتكەن، شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ 2 - قارارلىق تۈرىنى تېز ئالغا سىلجىتقان، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك كۇتۇپخانا، مۇزېي قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئەسلىھەسىدىن يەتتىنى قۇرغان، يېزا - بازار ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت پونكىتى، كەنت (مەھەللە) مەدەنىيەت ئۆيى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ۋە دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەرنى كۆچمە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

## ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئويۇنلىرى مول، رەڭدار بولدى

بۇ يىل ئۆكتەبىر بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى مىللىي ئوركېستىرىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سەييارە ئويۇن قويۇش ئەترىتى يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ياندۇما يېزىسى يۇقىرى چىگەتوغ كەنتىگە كەلدى. خەلق مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاش، ناخشا - ئۇسسۇل، سېرك قاتارلىق نومۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مەيدان ئېسىل ئويۇن نەق مەيداندىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ۋە كەنت ئاھالىلىرىدىن بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشىگە شادلىق مىنۇتلىرى ئېلىپ كەلدى.

بۇ يىل 7 - ئايدىن بۇيان، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئوپېرا ئۆمىكى، دراما ئۆمىكى، مۇقام ئانسامبلى، سېرك ئۆمىكى، نەيلىك - تارلىق ئوركېستىر، مىللىي ئوركېستىردىن تەشكىللەنگەن توققۇز ئەدەبىيات - سەنئەت كىچىك ئەترىتى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا بېرىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش بويىچە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراما، ئېيتۇت، سېرك، سېھىرگەرلىك، ساز چېلىش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان، ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق شۇ جايدىكى ئاممىنى ئىشىك ئالدىدا كاتتا مەدەنىيەت ئوزۇقىدىن بەھرىمەن قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى يەنە تولۇپ تاشقان سەنئەت ئىجادىيەت كۈچىنى نامايان قىلدى. چېگرا ھالقىغان جىڭجۇ تىياتىرى «دۆلەت ئۇسلۇبىدىكى مۇڭلۇق رىتىم — جۇڭخۇاغا مەدھىيە»دە جىڭجۇ تىياتىرىنىڭ گۈزەللىكى زامانىۋى سەنئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى؛ مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئۇسسۇللۇق تىياتىرى «گۈزەل يۇرت - ماكان» قايتا ئورۇنلىنىپ، كلاسسىك سېھرىي كۈچ قايتا نامايان قىلىندى؛ چوڭ تىپتىكى ھەقىقىي مەنزىرىلىك دراما «كوئېنلۇندا ئۇچرىشىش» چۈش كەبى كۆرۈش كاتتا زىياپىتى ھازىرلاپ بەردى... ھەربىر نادىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ قويۇلۇشى ھەر مىللەت تاماشىبىنلارغا ئېستېتىك زوق ئاتا قىلدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمەكلىرى ھەر يىلى سىجىل قانات يايدۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئارتىسلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئويۇن قويۇش مول، رەڭدار مەدەنىيەت نومۇرلىرىنى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزدى. كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى تۇرمۇشتا يىلتىز تارتىپ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، قېتىرقىنىپ ئىجاد قىلىپ، كوچا - مەھەللە، يېزا - كەنت، ئېتىز - ئېرىقلارغا بېرىپ، مەدەنىيەت ئويۇنلىرىنى ئاممىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىغا مول مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىدى.

## ئاممىۋى مەدەنىيەت پاراۋانلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇندى

2019 - يىلى 12 - ئايدا، ئۈرۈمچى مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش كارتىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ۋېنخۇي كارتىسى دەپ ئاتالدى) يولغا قويۇلغان بولۇپ، 100 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە «قانچىلىك قاچىلىسا شۇنچىلىك تولۇقلاش» ۋە 200 يۈەن قاچىلىسا مالىيەدىن 300 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل كارتا بېجىرىش ئەندىزىسى قوللىنىلدى. ۋېنخۇي كارتىسى 2017 - يىلى 6 - ئايدا يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۇنىڭغا ئىتتىپاقداش ئورۇنلار ئەڭ دەسلەپتىكى ئوندىن ھازىرقى 60قا كېڭەيدى، ئىشلىتىش دائىرىسى ئەڭ دەسلەپتىكى يەككە ئويۇن بېلىتى سېتىۋېلىشتىن ھازىرقى تىياتىر كۆرۈش، كىتاب سېتىۋېلىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، سۇ ئۈزۈش، چاڭغا تېيىلىش قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت ئىستېمالىغا كېڭەيدى.

ئاممىنى ئاز پۇل خەجلىسىلا تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلىش ۋېنخۇي كارتىسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەسلىي مەقسىتى. ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقىي ياردەم تولۇقلىمىسى، كارتا بېجىرىش ۋە ئىستېمال قىلىشنىڭ قولايلىق بولۇشى، ئىستېمال مەزمۇنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋېنخۇي كارتىسىنى بارغانسېرى كۆپ ئىشلەتكۈچىگە ئىگە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوخشىمىغان تىپتىكى ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي مەدەنىيەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئومۇمىي خەلق ئورتاق قاتنىشىدىغان، ئورتاق يارىتىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت بىلەن تەمىنلەش يېڭى ئەندىزىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ پائال ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەزمۇنىغا ئايلاندى.

بۆرچىن ناھىيەسىدىكى يېڭى دەۋر مەدەنىيەتلىك ئەمەلىيىتى مەركىزىدە، زال ئىچىدىكى ۋاسكېتبول مەيدانىدا ياشلار چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى؛ مەركەزنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى ئۇسسۇل ئۆيىدە، مەيدان ئۇسسۇلى ھەۋەسكارلىرى مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. «بۇ يەردە پەي توپ، تىكتاك توپ قاتارلىق ئۆي ئىچى توپ تۈرىدىكى تەنتەربىيە تۈرلىرىنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن كۆڭلىمىز بەك خۇشال» دېدى بۆرچىن بازىرىنىڭ ئاھالىسى پاراسەت مۇراتبېك. «مەركەز پۇقرالارغا ھەقسىز ئېچىۋېتىلىپلا قالماي، يەنە كەسپىي ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى سەپلەپ يېتەكچىلىك قىلدى، كۆپچىلىك بۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى» دېدى مەيدان ئۇسسۇلى ھەۋەسكارى چېڭ شيۇيىڭ.

شىخو شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيىدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەشىق ئۆيىدە، موڭغۇللارنىڭ ئۇزۇن كۈي ۋارىسى بۇرېن تېگىس كۇرسانتلارغا ئۇزۇن كۈي چېلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىۋاتاتتى. بۇ جاي ئاممىنى ئۇسسۇل، ناخشا - مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق ئون پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە مەخسۇس بىر ئېغىز جىڭجۇ تىياتىرى ئويناش مەشىق ئۆيى تەسىس قىلىپ، ئاممىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

شەنشى ئۆلكىسى رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ لېكسىيە سۆزلەش، پارتىيە كومىتېتى لېكسىيە ئۆمىكى لېكسىيە سۆزلەش، توردا لېكسىيە سۆزلەش، ئوبيېكتقا ئايرىپ لېكسىيە سۆزلەش، چوڭ كانايدا لېكسىيە سۆزلەش، تېزىملىك شەكىلدە لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ياشلار توپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ لېكسىيە سۆزلەپ ۋە كۆپ ۋاستىلىك تاراتقۇدىن پايدىلىنىپ لېكسىيە سۆزلەپ، قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق نەزەرىيەنى ئەتراپلىق سۆزلەپ، جانلىق نەزەرىيەنى جانلىق سۆزلەپ، كادىرلار، ئاممىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر، شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى لېكسىيە ئۆمىكى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەرقايسى سىستېمىلىرىدا 25 مەيدان لېكسىيە دوكلاتى بەرگەن، نەق مەيداندا ئاڭلىغان ئاممىنى 10 مىڭ كىشىگە يېقىنلاشقان.

چېڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خەيشى موڭغۇل، زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، «پۇقرالار لېكسىيە سۆزلەش كارۋىنى» چېڭخەي «خۇائېر»ى، كۆيېن، ئېيتۇت قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى «ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز يەتكۈزدى». ئىگىلىنىشىچە، چېڭخەي ئۆلكىسىدىكى ھەرقايسى شەھەر، ئوبلاستلار «قوش تىل» لېكسىيە ئۆمىكى، «ئائىلە لېكسىيە ئەترىتى» قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ قۇرۇش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەشۋىق قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا چۈشەندۈرۈپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك شەكىلدە پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى يەتكۈزگەن. ھازىرغا قەدەر، چېڭخەيدىكى ھەرقايسى جايلار پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەشنى جەمئىي 220 مەيداندىن ئارتۇق ئۇيۇشتۇرغان، 250 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىنى قاپلىغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئەزا بولغان يۇقىرى ئۆلچەملىك لېكسىيە ئۆمىكى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە شۆبە ئۆمەك ۋە ئالىي مەكتەپلەر شۆبە ئۆمىكى تەسىس قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار بەس - بەستە ئوخشىمىغان قاتلام دەرىجىلىك لېكسىيە ئۆمەكلىرى، لېكسىيە ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى سىجىل، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يىغىن روھىنى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر، ئەڭ يىراقتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى»گىچە يەتكۈزدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار تور ۋە تور سىرتىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى روھى لېكسىيەسىدىن جەمئىي 89 مىڭ 332 مەيدان تەشكىللىدى، قاپلىغان ئاممىنى 2 مىليون 480 مىڭ كىشىگە يەتتى.

**(مۇخبىرلار چېن گوجۈ، شۈ زۈخۇا، لى نىڭ، سۈن شياۋشيۇڭ)**

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانى مەھكەم ئىگىلىنىپ، نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى چىڭ كۆزلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىش پەسلىلىك ھۇجۇم» خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ تەتۈر ساناق باسقۇچىغا كىردى، قانچىكى مۇشۇنداق ۋاقىتتا سىياسىي يۈكسەكلىكنى شۇنچە ئۆستۈرۈپ، بىخۇدلۇق، بوشاڭلىق، قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق، مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىق كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىش پەسلىلىك ھۇجۇم»نى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشنى ياخشى قىلىپ، ياخشى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئەۋزەللىكنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «قىش پەسلىلىك ھۇجۇم»غا ئائىت تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تەشۋىق قىلىش - تەربىيەلەش، تۈر - مۈلۈك، مۇستەھكەملەش - كېڭەيتىش، مەسىلىنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەشنى نامراتلارنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەربىيەلەش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش، يېڭى يوشۇرۇن كۈچنى قوزغىتىش كېرەك؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى تۈر ئامبىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تۈرلەرنى دەللەش، تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، 2021 - يىللىق تۈر پىلانىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى تېزلىتىپ، بالدۇر ئىش باشلاش، بالدۇر پۈتتۈرۈش، بالدۇر ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنى يۈرۈشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى، باشقۇرۇشنىڭ جايىدا بولۇشى، پايدىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ھازىرقى ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ مەسئۇلىيەتنى توختاتماي، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ سىياسەتنى توختاتماي، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى توختاتماي، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى توختاتماي قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرىدىغان كارغا كېلىدىغان تەدبىرلەر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش كېرەك؛ «قىش پەسلىلىك ھۇجۇم»نى ئومۇميۈزلۈك تەلتۆكۈس ھالدا يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشتىكى كۈچلۈك تۇتقا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك قايتما ئىنكاس ۋە بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، نەتىجىلەردىن پايدىلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈش، ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قوغلىشىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، بۆلەكلەرنى بىرلەشتۈرۈش مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، بولۇپمۇ ناھىيە (شەھەر، رايون)لىك پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى، ھاكىم (شەھەر باشلىقى، رايون باشلىقى) باشلامچىلىق بىلەن تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەپ، ھەممە ئىشنى تۇتىدىغان ئادەم بولۇش، باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، ئىشلەيدىغان ئادەم بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۇنلىن، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)